يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئومۇمیۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە رىغبەتلەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش، تۈرتكە بولۇش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كەڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر ئەقىل ـ پاراستى ۋە جاپالىق ئەجرى بىلەن ئەمگەك شەرەپلىك، بىلىم يۇكسەك، ئىختىساسلىقلار قىممەتلىك، ئىجاد قىلىش ئۇلۇغ دەيدىغان جەمئىيەت كەيپىياتىنى يېتەكلەپ، «جۇڭگو ئارزۇسى. ئەمگەك گۈزەل»نىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتتى، ئۇلار يېڭى دەۋردىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر، يېڭى دەۋردىكى ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار. تەقدىرلەنگەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇشنى، باشلامچىلىق بىلەن ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىپ، تىرىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇشنى، باشلامچىلىق بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، تىرىشىپ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرىدىغان كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇشنى، باشلامچىلىق بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، تىرىشىپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇشنى، باشلامچىلىق بىلەن جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداپ، تىرىشىپ تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىدىغان كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇشنى، باشلامچىلىق بىلەن ئىلغار روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تىرىشىپ زامانىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىدىغان كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە ھەر مىللەت ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، جاسارەت بىلەن يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك. تىرىشىپ يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچىلەر زور قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ، غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، زامانىۋى كەسپىي مائارىپنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر مىللەت ئەمگەكچى ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغداپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكىدىكى ھوقۇقنى قوغداش مۇلازىمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە ھەر مىللەت ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئەمگەكنى قەدىرلەيدىغان ياخشى كەيپىياتنى زور كۈچ بىلەن يارىتىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىغا كۆيۈنۈپ، ئەمگەك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەمگەكنى قەدىرلەپ، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىپ، ئەمگەك ئەڭ شەرەپلىك، ئەمگەك ئەڭ يۇكسەك، ئەمگەك ئەڭ ئۇلۇغ، ئەمگەك ئەڭ گۈزەل دەپ بىلىشنى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا سەمىمىي مۇلازىمەت قىلىپ، ئۇلارنى كەڭ دائىرىدە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىقتىدار سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاممىسى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، جان ـ دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەدەت بېرىش، كاپالەتلەندۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق كۆرسەتتى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە ھەر مىللەت ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق ئۇرغۇتۇپ ۋە قوزغاپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەمگەكنى ھۆرمەتلەيدىغان، بىلىمنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىجادىيەتنى ھۆرمەتلەيدىغان جەمئىيەت كەيپىياتىنى زور كۈچ بىلەن يارىتىپ، بىلىم تېپىدىكى، ماھارەت تېپىدىكى، يېڭىلىق يارىتىش تېپىدىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جاسارەت بىلەن شىنجاڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. شۇ خەيرۇڭ، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، جاۋ چىلى، كۇڭ شىڭلۇڭ، ئىلھام سابىر قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايون (مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئالاقىدار تارماقلار، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ۋە بىڭتۇەن ئورگىنى، ھەرقايسى شى، شەھەرلەردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پەن ـ تېخنىكىدا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تىرەكى قىلىش كېرەك. بۇ، دۆلەتتىن ئاپتونوم رايونغىچە، ھەممىدە يېڭىلىق يارىتىشقا مىسلىسىز سىياسەت مەدىتى بېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ، بىزنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش كوللېكتىپىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ ياخشى خەۋەر. كەلگۈسى بەش يىلدا، مەن كوللېكتىپ بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، «بەل قويۇۋەتمەسلىك» روھى بىلەن ھەربىر تېخنىكا قىيىن ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تولۇق ئاپتوماتىك ئايلانما لوڭقىلىق يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى تېخنىكىسىنى 100% دۆلەتتىمىز ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «جۇڭگو ياسىغان» ئۈچۈن يېڭى ساھە ئېچىشنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنى بەكرەك خۇشال قىلغىنى، ئائىلەمنىڭ تەسىرىدە، بالام باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپلا قولى چاققان، كالللىسى ئۆتكۈر بولۇشتەك ناھايىتى كۈچلۈك ئىقتىدارنى نامايان قىلدى. مەن شىركەت تەشكىللىگەن ئائىلە كۆندە زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق، بالىلارنىڭ قەلبىگە بالدۇرلا ئىلىم ـ پەن ئۇرۇقىنى چېچىپ، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى يېتىلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. كەلگۈسى بەش يىلدا، بىز بىرلىكتە ئۆسۈپ يېتىلىمىز!

**(پۈتۈن تارانتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ چۈنخۇا رەتلىگەن)**

# تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇش ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش

## —— ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شۇ شياۋنىڭنى زىيارەت

نوپۇزلۇق سۆھبەت

□ پۈتۈن تارانتقۇ مۇخبىرىمىز رېن خۇا

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى چوڭقۇرلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى. «14 ـ بەش يىل»غا كىرگەندىن كېيىن، قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى ياراتقىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا بازار سۇبيېكتىنى تېخىمۇ ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ؟ يېقىندا مۇخبىر ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شۇ شياۋنىڭنى زىيارەت قىلدى.

### بازار سۇبيېكتى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىندى

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، كىنىشكا ـ گۇۋاھنامىنى ئازايتىش، ئىجازەتنى قىسقارتىش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇشقا كۈچەپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇردى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

شۇ شياۋنىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى ئەسلىدە بار بولغان سەككىز مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش سۈپىتىنى بىرىكتۈرۈپ، بارلىق مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرىدە «بىر توردا ھەممىنى بېجىرىش»نى ئىشقا ئاشۇردى؛ «ھۆكۈمەت ـ بانكا ھەمكارلىقى» «ھۆكۈمەت ـ پوچتا ھەمكارلىقى»نى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، كىنىشكا بېجىرىش، گۇۋاھنامە بېجىرىشتە «بىر قېتىممۇ قاتراتماسلىق»نى ئىشقا ئاشۇردى؛ ئاپپاراتلارنى تەڭشەپ ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى تارماقلارغا تارقاقلاشقان مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى بىر تارماققا مەركەزلەشتۈرۈپ، بارلىق مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرىدە «بىر كۆزنەكتە بېجىرىش»نى ئىشقا ئاشۇردى؛ ئەسلىدە بار بولغان بەش ئەرز قىلىش، پاش قىلىش قىزىق لىنىيەسىنى بىرىكتۈرۈپ، 12315 «بىر نومۇر سىرتقا ئۇلىنىش»نى ئىشقا ئاشۇردى؛ «كۆپ كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش» ئىسلاھاتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، «ئۈچ كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش»تىن «بەش كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش»كىچە، يەنە «12 كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش»كىچە، نۆۋەتتە «26 كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە 13 تۈردىكى سانائەت مەھسۇلاتىغا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېجىرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، 17 تۈردىكى سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ساقلاپ قېلىنغان ئۈلكە دەرىجىلىك تۆت تۈردىكى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مەھسۇلاتىغا قارىتا، «ئاۋۋال ئىجازەتنامە بېرىش، ئاندىن تەكشۈرۈش»تىن ئىبارەت تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى قوللىنىپ، بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ساھەسىدىكى 100 تۈرلۈك «كىنىشكا بىلەن گۇۋاھنامىنى ئايرىش» ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. رايون ئىچىدە ئادەتتىكى كارخانا قۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ۋاقتىنى تۆت خىزمەت كۈنىگە قىسقارتتى، كارخانىنى تىزىملاپ رويخەتكە ئالدۇرۇش ۋاقتىنى ئىككى خىزمەت كۈنىگە قىسقارتتى. ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەر تۈردىكى مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنىڭ ۋاقىت چېكىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن 30 خىزمەت كۈنىدىن ئون خىزمەت كۈنىگە قىسقارتتى.

مۇقىملىق پايدىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مەبلەغ سېلىپ كارخانىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ «تاپان تەننەرخى» ۋە «ۋاقىت تەننەرخى» ئۈزلۈكسىز ئازايدى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئەمەلىي بار بولغان تۈرلۈك بازار سۇبيېكتى (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ) 2 مىليون 3000 بولۇپ، «12 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىدىكىدىن 79.9% ئاشتى.

### تېخىمۇ ئەلالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىندۇ

«مەيلى كۈچلۈك دۆلەت ئىچى بازىرى شەكىللەندۈرۈش بولسۇن ياكى ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش بولسۇن، ھەممىسى ياخشى بازار مۇھىتىنىڭ تىرەك بولۇشىغا، كاپالەت بىلەن تەمىنلىشىگە ئېھتىياجلىق.» شۇ شياۋنىڭ مۇنداق دېدى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى سەۋىيەسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش بىخەتەر ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئورنىتىپ، قانۇنچىللىق كاپالىتى بار بولغان، پەن ـ تېخنىكا تىرەك بولغان، كۆپ مەنبە ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان بازار ئىدارە قىلىش چوڭ ئەندىزىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئېچىۋېتىلگەن، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان، بىخەتەر، ئىشەنچلىك بولغان بازار تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇشى، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولۇشى، تېخىمۇ ئادىل بولۇشى، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شۇ شياۋنىڭ مۇنداق دېدى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى بازار ئىجازىتىنى تېخىمۇ زور سالماق بىلەن قويۇۋېتىشى كېرەك. «ئاۋۋال كىنىشكا ئاندىن ئىجازەتنامە بولۇش» «ئىجازەتنامە بىلەن كىنىشكىنى ئايرىش»نى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىجارەت سورۇنى، كاپىتالنى رويخەتكە ئالدۇرۇش قاتارلىق شەرتلەرنىڭ چەكلىمىسىنى بىكار قىلىپ، پۈتكۈل جەريانى ئېلېكترونلۇق تىزىمغا ئېلىشنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، كارخانىلارنى رويخەتكە ئېلىش، تىزىملاشتا «نۆل ئۇچرىشىش» «نۆل تەننەرخ»نى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

مەمۇرىي ئىجازەتنى تېخىمۇ زور سالماق بىلەن ئازايتىش كېرەك. قويۇپ بېرىشكە بولىدىغانلىرىنى تولۇق قويۇپ بېرىش پرىنسىپى بويىچە مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرىنى قويۇپ بېرىپ، تۈرلۈك ئىجازەتلەرنى دەل جايىدا ئازلىتىش، يېقىن ئەتراپتا بېجىرىش، بېجىرىشنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىش بېجىرىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى تېخىمۇ قولايلاشتۇرۇش كېرەك. «بىر كارخانىغا بىر ئىجازەتنامە» «ئۇقتۇرۇشتىن خەۋەردار قىلىش ۋەدىسى بېرىش» «ئاۋۋال ئىجازەتنامە بېرىش، ئاندىن تەكشۈرۈش»قاتارلىق تۈزۈملەرنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، مەھسۇلات ئىجازىتى ئىجازەتنامىسىنى شىنجاڭ مەمۇرىي ئىشلار مۇلازىمەت تورى ئارقىلىق «بىر توردا ھەممىنى بېجىرىش»نى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئادىل رىقابەتلىشىشنى تېخىمۇ زور سالماق بىلەن قوغداش كېرەك. ئادىل رىقابەتلىشىشنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش ئارقىلىق، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازار بولۇشقا ۋە ئادىل رىقابەتلىشىشكە توسالغۇ بولىدىغان بەلگىلىمە ۋە ئۇسۇللارنى بىكار قىلىپ، ئالاھىدە ساھەلەرگە قارىتىلغان نامۇۋاپىق ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتىنى تۈگىتىپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى قانۇن بويىچە باراۋەر ئىشلىتىشى، بازار رىقابىتىگە ئادىل قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، قانۇن ئىجرا قىلىشنى تېخىمۇ زور سالماق بىلەن كۈچەيتىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قانۇن ئىجرا قىلىش شەكلىنى كۈچەپ ئەلالاشتۇرۇپ، «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش»نى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتىگە بولغان زىيادە كۆپ ئارىلىشىۋېلىشنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئوبوروتقىچە، ئوبوروتتىن ئىستېمالغىچە بولغان پۈتۈن ھالقا، پۈتۈن زەنجىرنىڭ بىخەتەرلىك بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تورىنى زىچ، پۇختا توقۇش كېرەك.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭىدىن قۇرۇلغان كارخانىلارنى توردا تىزىملاش نىسبىتىنى تىرىشىپ 70%تىن ئاشۇرۇپ، كارخانا نامىنى ئۆز ئالدىغا ئىلتىماس قىلىشنى 80%تىن ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنى تىزىملاش، رويخەتكە ئالدۇرۇش ۋاقتىنى بىر خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىدۇ، ئادەتتىكى كارخانا قۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ۋاقتىنى بىر ھالقىغا ۋە ئۈچ خىزمەت كۈنىگە قىسقارتىدۇ. بازار ئىجازىتى تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئادىل، بىرلىككە كەلگەن، ئوچۇق ـ ئاشكارا بولغان بازار ئىجازىتى قائىدىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرىدۇ.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش باش ئىدارىسى تۆۋەنگە قويۇپ بېرىشنى بەلگىلىگەن مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى قويۇپ بېرىلىپ، ئازلىتىلغان تۈرلەرنىڭ ھەممىسى مۇندەرىجىدىن ئۆچۈرۈلدۇ، ساقلاپ قېلىنغان تۈرلەرگە قارىتا مەمۇرىي ئىجازەتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋاقىت چەكلىمىسى زور دەرىجىدە قىسقارتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈرلۈك مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى زور دەرىجىدە قىسقارتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچى سىجىل قوزغىتىلىپ، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت بازار مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، بازار سۇبيېكتى سىجىل ئاشۇرۇلدۇ، تەرەققىيات جانلاندۇرۇلدۇ.

### مۇلازىمەت تېخىمۇ زور سالماق بىلەن ئەلالاشتۇرۇلدۇ

«يۇقىرى ئىگىلىك ۋە ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھاياتىي كۈچ مەنبەسى. قىسمەن يۇقىرى كارخانىلار، ئوتتۇرا ـ كىچىك كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تىجارەت تەرەققىياتىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرىغا قارىتا، بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقىرى كارخانىلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازارغا يېقىنلىشىش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن ئۇلارنىڭ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشى، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك» دېدى شۇ شياۋنىڭ.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز سىياسەت، تەدبىرلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتىدۇ. دىققەتنى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ساھەسىدىكى ئىنكاسى مەركەزلىك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ، سىياسەتنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى توسىقى نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، بىرمۇبىر ھەل قىلىدۇ. تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىغا ئوخشاش قاراش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، پىچەتلەش، تۇتۇپ قېلىش، مال ـ مۈلۈكنى توڭلىتىش ھەم تۈرلۈك مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى ئىشلىتىش دائىرىسىنى قانۇن بويىچە قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇپ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر، ئوتتۇرا ـ كىچىك كارخانىلار ۋە يۇقىرى كارخانىچىلارنى يەڭگىل جابدۇنۇپ ئىشقا ئاتلىنىش، كارامىتىنى كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى يەنە ئوتتۇرا ـ كىچىك كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ئىز قوغلاپ ئىگىلەپ، رويخەتكە ئېلىپ تىزىملاش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، پاتېنتنى ئايلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە قاراتمىلىققا ئىگە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش بىلەن تەمىنلەپ، قانۇن ـ نىزام، ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش، مالىيە ـ باج، پۇل مۇئامىلە، ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە سىياسەت يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار تىزىملىكىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل كۆچمە مۈلۈك، پاي ھوقۇقى ياكى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى رەنگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى قوللاپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كۈچ قوشىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، مىقدار ئۆلچەش، ئۆلچەم، دەلىللەش ـ ئېتىراپ قىلىش ۋە تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قاتارلىق ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، سۈپەت ئامىلى تېخنىكا مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇپ، كارخانىلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنى قولايلىق بولغان، ئېرىشەلەيدىغان سۈپەت تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئېلان بېرىش ماركىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ بازار ئېچىشىغا شارائىت يارىتىدۇ، مەدەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شۇ شياۋنىڭ مۇنداق دېدى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى مۇلازىمەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى چۆرىدەپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىجازەت بوسۇغىسىنى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى يەنىمۇ ئازلىتىش، خىزمەت ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ «ئوڭۇشلۇق كىرەلەيدىغان، چېكىنىپ چىقالايدىغان» بولۇشىغا، ئىجازەتنامىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا «تېز بېجىرىش، قاتراتماسلىق»قا كاپالەتلىك قىلىپ، تۈزۈم خاراكتېرلىك تەننەرخنى ئازايتىپ، تېخىمۇ ئەلا تىجارەت ـ سودا مۇھىتى، تېخىمۇ ياخشى ئىجازەت مۇلازىمىتى بىلەن بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، تۈرلۈك كارخانىلارنى مەبلەغ سېلىپ كەسپىنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىدۇ.